# مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئورتاق بولغان مۇراسىملارغا ئىشتىراك قىلىشىنىڭ ھۆكمى

## أحوال وأحكام مشاركة المسلم في احتفالات المسلمين والكفار

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئورتاق بولغان مۇراسىملارغا ئىشتىراك قىلىشىنىڭ ھۆكمى

145893-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەلۇم بىر مەسچىتتە بەزى مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولغان ئىشلار مېنى ھەيران قالدۇردى ۋە بۇ مەسىلىنى سورىشىمغا سەۋەپ بولدى: ئۆتكەن ھەپتىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار خىرىستىئان ۋەزىر بىلەن بولغان خاس ئۇچرىشىشقا قاتناشتى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەنمۇ شۇ يەردە بولۇپ قالدىم، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا بىر ئۇستاز بىلەن ئۈچ ئايال باشقا دىندىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە شام ياندۇرۇپ ئەتراپنى ئايلاندى ۋە بۇ دىنى مۇراسىمنى تەقلىد قىلدى. مەن ئۇلارغا بۇ بىدئەت ئىشنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ بۇ ئىشنىڭ قۇرئان-ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە خاتا ئىكەنلىكىنى قانداق ئىسپاتلايمەن؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بەرگەن بولساڭلار. ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياخشى مۇكاپات ئاتا قىلسۇن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇراسىملار تۈرلۈك شەكىلدە بولىدۇ، بۇ مۇراسىمنى مۇسۇلمانلار ئىلىپ بارسۇن ياكى كاپىرلار ئىلىپ بارسۇن ئۇنىڭ ھۆكمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ توغرىدىكى سۆزىمىزنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلار بويىچە تەپسىلى بايان قىلىمىز:

1-مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ دىنى مۇراسىملىرىغا قاتنىششى توغرا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ مۇراسىملىرىنى تەبرىكلىشىمۇ ئومۇمى جەھەتتىن ئىلىپ ئېيتقاندا خاتالىق بولۇپ، بۇنىڭ جىنايىتى پائالىيەت ئۆتكۈزگەندىنمۇ چوڭراق بولىدۇ، بەلكى بۇنداق ئىشلار ئۇلارنى كۇپرىغا ئىلىپ بارىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: كاپىرلارغا خاس بولغان، ئۇلارنىڭ دىنى شۇئارلىرى بولغان مۇراسىملارنى تەبرىكلەش بولسا، بارلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كىلىشى بىلەن ھارامدۇر. بۇنىڭ مىسالى: ئۇلارنىڭ بايرىمىنى ياكى روزا تۇتقان كۈنىنى: "بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! ياكى ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەبرىكلەش، گەرچە دىگۈچىنى كۇپرىغا ئىلىپ بارمىسىمۇ، ئەمما شۇنداق قىلىش بارلىق ئالىملارنىڭ

قارىشى بويىچە هارامدۇر. بۇ خۇددى كىرست بەلگىسى ئالدىدا ئېگىلىپ سەجدە قىلىپ تەبرىكلىگەنگە ئوخشاشتۇر. بەلكى بۇ ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا گۇناھ جەھەتتە، ھاراق ئىچىپ ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈپ، زىنا-پاھىشە ئىشلارنى قىلغاندىنمۇ ئېغىرراقتۇر. ["ئەھكام ئەھلۇ زىممە" 3-توم211-بەت].

ئىمام زەھەبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان بايراملىرى بولسا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ خاس بايرىمىغا قاتناشمايدۇ، خۇددى ئىبادەتتە ئۇلارنىڭ پىرىنسىپى ۋە قىبلىسىگە ئورتاق بولمىغانغا ئوخشاش." ["ھىكمەت ژورنىلى" 4- سان 193-بەتتە "تەشبىھىل خەسىس بىئەھلىل خەمىس" دېگەن تېمىدا تارقىلغان].

يەنە بۇ ھەقتە: 947-11427-4528-1130-115148-سوئاللارنىڭ جاۋابىدا ئوچۇق بايان قىلىنغان.

2- مۇسۇلماننىڭ كاپىرلارنىڭ توي مۇراسىمى ياكى كېسەلدىن ساقىيىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەت ياكى سەپەردىن سالامەت قايتىپ كېلىش يۈزىسىدىن ئورۇنلارشتۇرۇلغان خۇسۇسى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار بولۇپ، كۈچلۈك قاراشتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ۋە ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلىشتەك شەرئى مەسلەھەت تېپىلىش شەرتى ئاستىدا قاتناشسا بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى 127500-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا ئوچۇق بايان قىلىنغان.

3-كاپىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مۇراسىملىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم-كېچەك ياكى يېمەك-ئىچمەكتە ۋە ياكى ئايرىم بىر شەكىلدە خۇددى شام ياندۇرۇپ ئەتراپنى ئايلانغاندەك كاپىرلاغا ئوخشىشىلىشى توغرا بولمايدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلارنىڭ، كاپىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بايراملىرىدىكى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، يۇيۇنۇش، ئوت يورۇتۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇلارغا ئوخشىشىلىشى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ياكى ئىبادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشى قاتارلىق ئىشلار قەتئى توغرا بولمايدۇ. شۇنداقلا كاپىرلارنىڭ شۇ ئىشلىرىنى تەبرىكلەپ زىياپەت بېرىش، سوۋغا-سالام قىلىش، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە قوللىنىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تىجارىتىنى قىلىش قاتارلىق ئىشلار دىنىمىزدا توغرا ئەمەس. مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى ئۇلار بايراملىرىدا ئوينايدىغان خاس ئويۇنلارنى ئويناتقۇزۇشى ياكى ئۇلارنىڭ بايرىمى ئۈچۈن ئايرىم شەكىلدىكى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىندۇرۇپ ياساپ-جاپدۇشى توغرا بولمايدۇ.

ئومۇمەن: كاپىرلارنىڭ دىنى شوئارلىرى ئاشكارا قىلىنىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان بايراملىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشنى خاس قىلىشى توغرا بولمايدۇ،

بەلكى ئۇ كۆن مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا كاپىرلارنىڭ ئادەتلىرى خاس قىلىنمايدىغان ئادەتتىكى بىر كۈن بولىشى كېرەك". ["پەتىۋالار توپلىمى"25-توم 329-بەت].

4-مۇسۇلمان ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بولسۇن كاپىرلارنىڭ دىنىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ياكى باتىل مەزھەب قارىشىنى كۈچلاندۇرىدىغان، بۇزۇق ئەقىدە-خاتا پىكىرلەرنى مەدھىيىلەيدىغان سورۇنلارغا قاتنىشىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 3325-10213- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

5- مۇسۇلماننىڭ كاپىرلارنىڭ بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بولسۇن ھەر كۈندە ياكى ھەر ئايدا ياكى ھەر يىلدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تۇغۇلغان كۈن ياكى ئانىلار بايرىمى دېگەندەك بايراملىرىغا قاتنىشىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 5219-1027-26804-59905- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

6-مۇسۇلمان ئۈچۈن كاپىرنىڭ بولسۇن ياكى مۇسۇلماننىڭ بولسۇن ئىلىپ بېرىلىشى چەكلەنگەن ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى ياكى پاسىق-پاجىر زالىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ياكى كاپىر-پاسىقلارنىڭ بىرەر پارتىيە-تەشكىلات قۇرۇش بايرىمى دېگەندەك مۇراسىملارغا قاتنىشىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 135119- سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

7-مۇسۇلمان ئۈچۈن كاپىرنىڭ بولسۇن ياكى مۇسۇلماننىڭ بولسۇن يات ئەر-ئاياللار بىرلىكتە ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان، ناخشا-مۇزىكا چېلىنىدىغان، مەي-شاراپلار ئىچىلىدىغان مۇراسىملارغا قاتنىشىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 6992- 97014- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى بىلگەندىن كېيىن سىز ئۈچۈن يات ئەر-ئاياللار ئارىلىشىدىغان، كاپىرلارغا ئوخشاپ شام يېقىپ ئايلىنىدىغان، باتىل ئەقىدە، قاراشلارنى ئۇلۇغلاپ، راۋاجلاندۇرىدىغان مۇراسىملارغا قاتنىشىشىڭىز توغرا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى بۇ مەزكۇر ئىشلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى چىرايلىق ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشىڭىز لازىم بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.